## 5395 ـ خانىم ـ قىزلارنىڭ تېلېۋىزوردا چىققان ئەرلەرگە قارىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سوئال**

تېلېۋىزور كۆرۈش ھارام بولامدۇ؟، مەن تېلېۋىزوردا خەۋەر كۆرۈپ ياكى باشقا بىر پىراگىراممىلارنى كۆرۈپ تۇرسام، رىياسەتچى باشقا بىر پىروگىراممىلارنى تەقدىم قىلىدۇ، خانىم ـ قىزلارنىڭ شەھۋەتسىز تەبىئىي ھالەتتە تېلېۋىزوردا چىققان ئەرلەرگە قارىشى ھارام بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

مۇسۇلمان كىشىگە ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن سىرت پايدىسىز ئىشلاردىنمۇ ساقلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا تەرجىمىسى: «كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ». [سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نەزەر سېلىش ـ قاراش ـ ئىبلىسنىڭ ـ شەيتاننىڭ ـ ئوقلىرىدىن بىر ئوقتۇر».

تېلېۋىزوردا چىقىدىغانلار ئەر ـ ئاياللارنىڭ كۆپچىلىكى پاسىق، ئەقىلسىز، ساراڭلار بولۇپ، ئاساسەن مۇزىكا ۋە باشقا ھارام ئىشلاردىن خالى بولالمايدۇ، بۇنداق ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراش ئومۇمى جەھەتتىن ئەيىبلىنىدۇ.  ئاللاھ ياردەمچىمىز بولسۇن.

ئەمما خانىم ـ قىزلارنىڭ كۆپ ۋاقىتتا تېلېۋىزوردا چىققان ئەرلەرگە شەھۋەتسىز قارىشى مۇباھ ـ دۇرۇست ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە كۆپچىلىك ئالىملار دەلىل بايان قىلغان، تېلېۋىزورغا قاراش دېگەن  بۇ تۈردىن ئەمەس، بۇنىڭدا ھېچ بىر ھاجەت يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن خانىم ـ قىزلار پايدىسىز ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئاقىۋىتى مەدھىيەلىنىدىغان پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىشى كېرەك. ئاللاھ پايدىلىق ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.